# ئۇنداقتا مېنى گۇۋاھچى قىلمىغىن! مەن زۇلۇمغا گۇۋاھچى بولمايمەن

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: دادام ماڭا ئازراق مال-دۇنيا بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئانام ئەمرە بىنتى رەۋاھە دادامغا: سەن بۇ ئىشقا رەسۇلۇللاھنى گۇۋاھچى قىلمىغۇچە مەن رازى بولمايمەن، دېدى. دادام ماڭا بەرگەن مىلىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گۇۋاھچى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا باردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: سەن مۇشۇ ئىشنى بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە قىلدىڭمۇ؟ دېۋىدى، دادام: ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھتىن قورقۇڭلار! بالىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىڭلار! دېدى. شۇنىڭ بىلەن دادام يېنىپ كېلىپ ئۇ مالنى قايتۇرۇۋالدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇنداقتا مېنى گۇۋاھچى قىلمىغىن! مەن زۇلۇمغا گۇۋاھچى بولمايمەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇنىڭغا باشقا بىرسىنى گۇۋاھچى قىلغىن! دەپ كەلگەن

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنىڭ بىر قانچە رىۋايىتىنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

نۇئمان ئىبنى بەشىر ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ: ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا ئايرىم مال-دۇنيا بەرگەندە، نۇئماننىڭ ئانىسى بۇ ئىشنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ بېكىتىپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇنىڭ دادىسىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ گۇۋاھ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. دادىسى بۇ بالىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئۇ ئىشقا گۇۋاھ بولۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: سەن مۇشۇ ئىشنى بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە قىلدىڭمۇ؟ دېۋىدى، دادام: ياق، دېدى. بۇنداق ئىشلاردا بالىلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئايرىش، ياكى بەزىسىنى بەزىسىدىن ئەۋزەل كۆرۈش، تەقۋالىقنى رەت قىلىدىغان ئامىلدۇر. ئۇنىڭ زۇلۇم ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوقتۇر. چۈنكى ئۇ ئىش ئارقىلىق ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئىشلار بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: پەرزەنتلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلغاندا، ئەۋزەل كۆرۈلمىگەن بالىنىڭ دادىسىدىن يىراقلىشىش ۋە ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. دادا تەرىپىدىن ئەۋزەل كۆرۈلگەن بالا ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆچ- ئاداۋىتىگە سەۋەپ بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداق بەزى ناچار تەرەپلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئاللاھتىن قورقۇڭلار! بالىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىڭلار! مېنى زۇلۇمغا گۇۋاھچى قىلمىغىن! دېدى ۋە ئۇنىڭغا كايىپ: بۇنىڭغا باشقا بىرسىنى گۇۋاھچى قىلغىن! دەپ بۇ ئىشتىن ئۇنى يىراقلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال ئاۋۇ مالنى قايتۇرۇۋالدى، چۈنكى ئۇلارغا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىدىن ھالقىماسلىق ئادەتكە ئايلانغان ئىدى



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee